# 225206 ـ خىزمەتچىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا خاس بولغان تۆۋەن باھادىكى قاتناش كارتىنى ئىشلىتىشىنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## سۇئال

مەن تۈركىيىدە ئوقۇيمەن، مېنىڭ قاتناشقا چىقىش كارتام بار، مېنىڭ كارتام ئادەتتىكى كىشىلەر ئىشلىتىدىغان نورمال كارتىتىن ئەرزان، بىلىشىمچە بۇ پەقەت ئوقۇغۇچىلارغا خاس، بۇنى پەقەت ئۆز ئىگىسىلا ئىشلىتىدۇ، بۇ يىل ئىشلەيدىغان بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنىۋېرستقا بارمىدىم، مەن بىلەن بىرگە ئىشلەيدىغان كىشى مېنىڭ كارتىمنى ئىشلىتىشكە بەك ئېھتىياجلىق، مەن ئۇنىڭغا بەرسەم بولامدۇ؟ بۇنداق قىلىش ئالدامچىلىق بولمامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلىي جاۋاپ

بۇ پەقەت ئوقۇغۇچىلارغىلا بېرىلىدىغان كارت بولسا، بۇنىڭدىن ئۆز ئېگىسىدىن باشقىلارنىڭ پايدىلىنىشى چەكلىنىدۇ، سىزنىڭ بۇ كارتنى باشقا بىرسىگە بېرىشىڭىز توغرا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ باشقىلارنىڭ مېلىنى ھەقسىز يەۋېلىش ھېسابلىنىدۇ، ئەگەر سىز ئۇ ئىشچىغا ئۇنىڭ ھەقلىق بولمىغان نەرسىنى ئېلىشىغا ياردەم بەرگەن بولىسىز.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلىدۇ.